

«چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ»

«مەن شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ھېس قىلدىم»

☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى جيا چۈنشيا

«مەن دائىم مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسى ياكى ئاشخانىسىدا ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان ساۋاقداشلارنىڭ بىللە ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى، تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن، كۆپچىلىك بىللە شاد ـ خۇراملىققا تولۇپ، ئىنتايىن ئىناق ئۆتىدىكەن» دېدى 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قىرغىزىستاندىن كەلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ئۇلانبېكۋا جامال.

بۇ يىل 24 ياشقا كىرگەن ئۇلانبېكۋا جامال شىنجاڭ سىفەن داشۆ سودا شۆيۈەنى خەلقئارا ئىقتىساد ۋە سودا كەسپىنىڭ ئاسپىرانتى بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمى لى جيامېڭ. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدا ئوقۇغان، تۇرمۇش كەچۈرگەن تۆت يىلدا مەندە بۇ يەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت پەيدا بولدى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم».

«شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن، مەن قۇملۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، شۇڭا دوستلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بىر قەدەر يېقىن بولغان قۇمتاغ قۇملۇقىغا باردىم. قۇملۇقنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ھەيران قالدىم» دېدى ئۇلانبېكۋا جامال چىن كۆڭلىدىن زوقلىنىپ.

ئۇلانبېكۋا جامالدا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى 2017 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە قومۇلغا بېرىپ «جۇڭگونى ھېس قىلىش» پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقى بولدى. «شۇ چاغدا بىز قومۇل مۇزېيى، قومۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى ھەمدە قومۇل كەشتىچىلىكى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، مىللىي خاسلىققا ئىگە ئىمارەت، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى يېقىن ئارىلىقتىن چۈشەندۇق. ئائىلىمدىكىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشنى ئويلاۋاتقىنىغا خېلى بولغانىدى، مەن بۇ قېتىمقى سەپەر تەسىراتىمنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردىم، يەنە سۈرەتلەرنى ئەۋەتىپ بەردىم» دېدى ئۇلانبېكۋا جامال.

شىنجاڭدا تۆت يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، مەيلى تۇرمۇش مۇھىتى ياكى يېمەك ـ ئىچمەكتە بولسۇن، ئۇلانبېكۋا جامال ئىنتايىن كۆنۈپ كەتتى. ئۇ يەرلىكتىن بىر قىسىم دوستلارنى تۇتتى، ۋاقتى بولسىلا دوستلىرى بىلەن بىللە تاماق يېدى، ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى سانجىدىكى خۇيزۇلار ئوششاق يېمەكلىكلەر كوچىسىدىكى مەززىلىك تائاملار ئىدى. «ئۇ يەردە راڭپىزا، جياۋماجى قاتارلىق مەززىلىك تائاملارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دېدى ئۇلانبېكۋا جامال.

ئۈرۈمچىدە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، مېترو ئايروپورتقا تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، قاتناش ناھايىتى قولايلىق ئىكەن. خەنزۇ مىللىتى، ئۇيغۇر مىللىتى، قىرغىز مىللىتى قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەر ئىنتىپاقلىشىپ، ئالاھىدە ياخشى ئۆتىدىكەن. ئۇلانبېكۋا جامالنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرگىنى، ئاممىۋى ئاپتوبۇستا مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ياشلارنىڭ ياشانغانلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغانلىقى؛ كەچتە كىشىلەرنىڭ خۇش تەبەسسۇم بىلەن مەيداندا ئۇسسۇل ئويناپ كەيپىياتنىڭ ئىنتايىن قىزىپ كېتىدىغانلىقى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت ناھايىتى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بۇ شەھەرنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

جۇڭگونى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلانبېكۋا جامال ئۆزىگە خەنزۇچە ئىسىم قويغان. «مېنىڭ ئىسمىم بەك ئۇزۇن، ئاسان ئەستە قالمايدۇ. مەن ‹جيامېڭ›نىڭ ئىسمىم بىلەن بىر قەدەر يېقىن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن يەنە ‹لى› نىڭ جۇڭگودىكى چوڭ فامىلە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇڭا بۇ ئىسىمنى قويدۇم» دېدى ئۇلانبېكۋا جامال.

ھەر يىلى قىشلىق، يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتقاندا، ئۇلانبېكۋا جامال شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ھەپتە ئاخىرى بولۇپ، ئۇ ئەتىگەندىلا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە سودا سارايىغا بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە يېڭى يىللىق سوۋغات تاللىدى. «مەن شىنجاڭنىڭ ئەتلەس شارپىسىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىمەن، ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقاندا تۇغقانلىرىمغا ئېلىۋالىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق شىنجاڭنىڭ قۇرۇق مېۋىلىرىنى سېتىۋالىمەن، تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسى بەك ياخشى كۆرىدۇ».

«شىنجاڭ ناھايىتى ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە، ئەگەر كېيىن ياخشى خىزمەت پۇرسىتى بولسا، مېنىڭ شىنجاڭدا قېلىپ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغۇم بار» دېدى ئۇلانبېكۋا جامال.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

جاۋ شىنمىن: ئۆلۈمدىن قورقسام ساقچى بولمايتتىم!

جاۋ شىنمىننىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ بىڭ) ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋە چىڭمىڭدا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىن ساقچىخانىسىدىكى خەلق ساقچىلىرى «قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ياد ئېتىش، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىش» باش تېمىسىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنى خاتىرىلەش قەبرە سۈپۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، بەدىنىگە بومبا تېڭىۋالغان قارا نىيەت بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا شەرەپلىك قۇربان بولغان 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ سابىق جياۋداۋيۈەنى جاۋ شىنمىننى ياد ئېتىدۇ.

جاۋ شىنمىن، 1956 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇغۇلغان، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشۈي ناھىيەسىدىن. ئۇ 1976 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ھايات چېغىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەيانشان شۆبە ئىدارىسى شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ جياۋداۋيۈەنى بولۇپ، 2 ـ دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچىلىق ساقچى ئۇنۋانى ئالغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان 26 يىلدا، جاۋ شىنمىن ئىش ئورنىغا سادىق بولۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، باشلامچى بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم جىنايى ئىشلار دېلوسىنى پاش قىلىشقا قاتناشقان، ئۈرۈمچىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. 1976 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، ئۇ كۆپ قېتىم ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ھەم شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

1994 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جاۋ شىنمىن ئەترەتنى باشلاپ، بىر جىنايەتچى ئۇنسۇرنى تۇتۇشقا ئاتلانغان. ئەينى چاغدا ئەھۋال جىددىي بولۇپ، خەلق ساقچىلىرى ئوق ئۆتمەس كىيىمنى يېتەرلىك ئېلىۋالمىغاچقا، جاۋ شىنمىن ئوق ئۆتمەس كىيىمنى زورلاپ سەپدىشىغا كىيگۈزۈپ قويغان، ئارقىدىن خەتەرگە قارىماي، باشلامچىلىق بىلەن قارا نىيەتنىڭ ئۇۋىسىغا بۆسۈپ كىرگەن.

جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ئالدىدا، جاۋ شىنمىننىڭ «جىگەرلىك» دېگەن نامى چىققانىدى. ئىلگىرى ئۇ تۇتۇۋالغان جىنايەت گۇماندارى ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ: «پەخەس بول، ھامان بىر كۈنى ئۆچ ئالىمەن.» دېگەندە، جاۋ شىنمىن قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «مەنمۇ ساڭا دەپ قوياي، ئۆلۈمدىن قورقسام ساقچى بولمايتتىم!»

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 11لەردە، بىر قارا نىيەت بەدىنىگە بومبا تېڭىۋېلىپ، كىشىلەر ئېقىمى مەركەزلەشكەن قايناق شەھەر رايونىدا ۋەقە سادىر قىلىشقا ئۇرۇنغان. دېلو قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، جاۋ شىنمىن خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەن. ئۇچىغا چىققان ياۋۇز قارا نىيەت ئالدىدا، ئۇ قەتئىي قورقماي، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرغان.

ئاچقۇچلۇق پەيتتە، جاۋ شىنمىن پىداكارلىق بىلەن قارا نىيەتنىڭ يولىنى توسقان، قارا نىيەت توساتتىن پارتلاتقۇچنى پارتلاتقان. شۇ كۈنى سائەت 14تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، جاۋ شىنمىن يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن پۈتۈن كۈچ بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

جاۋ شىنمىن ھاياتى ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇش، ۋەتەنگە سادىق بولۇش، خەلققە سادىق بولۇش، قانۇنغا سادىق بولۇش قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى جاۋ شىنمىنغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ نام بەردى؛ 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى؛ 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بەردى.

شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ جياۋداۋيۈەنى جاڭ لياڭ مۇنداق دېدى: جاۋ شىنمىننىڭ شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشتەك قەھرىمانلىق روھى ۋە خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقنى كۆزلەيدىغان ھېسسىياتى، تۈركۈم ـ تۈركۈم سەپداشلارنى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش، سۆڭەكنى قىرىپ زەھەرنى تازىلاش جاسارىتى بىلەن، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى، ساپلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن بىر تۈركۈم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ، ھەل قىلىپ، مائارىپ ـ سەھىيە، يېمەكلىك ـ دورا، قاتناش ـ ترانسپورت قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بىر تۈركۈم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى پۇختىلىدى.

مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى، تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا «قايتا قاراپ چىقىش» ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقتى... باش تېما تەربىيەسىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار «تۆتكە توغرىلىنىش» «تۆتنى تېپىش» «ئۈچنى تەتبىقلاش» تەلىپى بويىچە، مەسىلىنى تۈزەش ۋە مەخسۇس تۈزىتىشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ، مەسىلە پەيدا بولىدىغان مەنبەنى يوقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى تۈزەش جەھەتتە بىرلىشىپ كۈچەپ، «ساختا شەكىل»دىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «ھېسابات شەكلى»دىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «كۆرسەتكۈچ شەكلى»دىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئالدى؛ شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى ئەتراپىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش تىپىك دېلو مىساللىرىدىن پايدىلىنىپ، كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تۆۋەن چەك، قىزىل سىزىقنى ياخشى ساقلاش توغرىسىدا تەربىيە بەردى؛ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتۇتاش خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش سۇپىسى قۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى ھالقىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەنپەئەت يەتكۈزۈش زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى...

ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە قارىتا مەركەزلىك تۈزەش ئېلىپ بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ جورىلىرىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سودا بىلەن شۇغۇللىنىشى، كارخانا قۇرۇشىغا قارىتا قېلىپلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى... باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار «8+2» مەخسۇس تۈزەشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، قاتتىق تەدبىرلەرنى چىقىرىپ مەسىلىنى تۈزىتىش ۋە مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، تىزىملىك تۇرغۇزۇپ، نىشان مەركىزىنى توغرىلاپ، تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىپ، بىرمۇبىر تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى تۈزەشكە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتىغا ھاۋالە قىلىپ، 35 نامرات ناھىيەنىڭ مالىيەسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش مەبلەغ تۈرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ، بەلگىلىمىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتتى؛

ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى «كېنىشكا بېجىرىش ئاستا بولۇش» «قاتراش كۆپ بولۇش» «ئۇزاققىچە سوزۇش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلدى، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، رايونلار كۆچمەس مۈلۈكنى ئادەتتىكىچە تىزىملاش، رەنگە قويۇش كەسپىنى بېجىرىش ۋاقتىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئون خىزمەت كۈنىگە، بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى؛

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى يېمەكلىك كىچىك ھۈنەرخانىلىرى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئەخلەت يېمەكلىكلەر قاتارلىقلارنى مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارنى كۆيدۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم سۇبيېكتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ «يېمەكلىك بىخەتەرلىكى»نى تىرىشىپ قوغدىدى؛

ئالتاي ۋىلايىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلگىرى تۆۋەن كاپالەتكە ئىلتىماس قىلغان، ھازىر تۆۋەن كاپالەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھەمدە تۆۋەن كاپالەتتىن چېكىنىپ چىققان خادىملارنى ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈردى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئابلىمىت ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ئىگىلەپ، سىياسەت ـ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ۋاقتىدا ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزدى. «قەھرىتان قىش بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ قەلبىمىز ئىللىدى، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت» دېدى ئابلىمىت خۇشال ھالدا.

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلدى قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت ئىلگىرى سۈرۈلدى

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئامما ئەڭ ئالدىرىغان، ئەڭ غەم قىلغان، ئەڭ ئارزۇ قىلغان بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھەل قىلىپ، كۆرگىلى بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ يېڭى ئۈمىدى، يېڭى تەلىپىگە جاۋاب قايتۇردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئاممىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى، ئالاقىسى تېخىمۇ كۆپەيدى، كۆڭلى تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

قومۇل شەھىرى شەھەر، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك «ھەممباب كارتا» قوللىنىش سىستېمىسى قۇرۇپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشتە «كۆپ كارتا بولۇش، ئۆزئارا باغلاپ ئىشلىتىلمەسلىك» توسۇقنى راۋانلاشتۇردى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى نوپۇس رەسمىيىتىنى توردا بېجىرىشتە «پۈتۈن جەريان توردا بولۇش»نى يولغا قويۇپ، سانلىق مەلۇماتتىن كۆپ پايدىلىنىپ، ئاممىنى ئاز قاتراتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىلەردە خادىم، ئىش ئورنى، خىراجەتتىن ئىبارەت «ئۈچ ئومۇمىي مىقدار»نى باشقۇرۇشنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىللىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى تۈرگە ئايرىپ ھەل قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى 68 تۈرلۈك تۈزەش تەدبىرىنى بېكىتىپ، يېزا تاشيولىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مال ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇپ، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشىغا قارىتىلغان قانۇن ئىجراسىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق يەتتە چوڭ مەخسۇس تۈردىكى ھەرىكەتنى يولغا قويدى...

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «3+3+1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش خىزمىتىنى چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرى ئامبۇلاتورىيەدە كۆرۈنسە 100%، دوختۇرخانىدا ياتسا 90% ئاتچوت قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ «شىنجاڭ ئەندىزىسى»نى باشلىدى. مەكىت ناھىيەسى شىيتدۆك يېزىسى ئېگىز ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمەت تۇردى بوۋاي ئومۇميۈزلۈك خەلق سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدە، تۇبېركۇليوز كېسىلى بارلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي مەركەزلىك داۋالاشنى قوبۇل قىلىپ، بىر پۇڭ خەجلىمەي كېسىلىنى داۋالىتىپ ساقايدى، بوۋاي مىننەتدار بولۇپ مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا ساغلام تەن ئاتا قىلدى».

تاتلىق سۇ قەلبلەرنى سۇغاردى، تۇرىدىغان ئۆي بولۇش خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. ئاپتونوم رايونىمىز نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، تۇرالغۇ ئۆي بىخەتەرلىكى مەسىلىلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، 346 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 9355 نامرات ئائىلىنىڭ بىخەتەر ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملىنىپ، ئاھالىلەر كۆچۈپ كىرىپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بەردى. «بىز بەخت سۈيىنى ئىچتۇق.» ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى گۈلباغ كەنتىدە ھەممە ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمەتئېلى توختى تەسىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دېدى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مۇقىم بەختكە تىرەك بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، 2019 ـ يىلى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 860 مىڭ ئادەم قېتىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىگە تايىنىپ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ماڭلاي يېزىسى ئاقتام كەنتىدىكى نامرات ئاھالە ئەكبەر باقى خوتۇنى بىلەن شىنجاڭ تېببىي داشۆسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىغا كېلىپ ئىشلىدى. «بىز ياخشى ئىشلەپ، كەلگۈسىدە ئۈرۈمچىدە ئۆي تۇتۇپ، كۈنلىرىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزىمىز» دېدى ئۇ خۇشال ھالدا.

بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، ئامما ئەڭ ئالدىراۋاتقان، ئەڭ غەم قىلىۋاتقان، ئەڭ قىيىن بولۇۋاتقان، ئەڭ ئارزۇ قىلىۋاتقان زور بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئامما ئومۇميۈزلۈك ھالدا: ئىلگىرى قىيىنچىلىقىمىز بولسا بېرىپ كادىرلارنى ئىزدەيتتۇق، ھازىر كۆپ ۋاقىتلاردا قىيىنچىلىقىمىز بولسا كادىرلار بىزنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ھېسسىياتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، دەپ ئىنكاس قىلدى.

قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۇرغۇتۇلدى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇندى

يېرىم يىل داۋاملاشقان باش تېما تەربىيەسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى چەكسىز ئۇرغۇتتى، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئاشۇرۇش ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى، ئۇلار تېخىمۇ جۇشقۇن كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئاتلىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى ــــ

دىققەت باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ بىرىكمە مۇشت ياخشى ئېتىلىپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىش، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشى ساقلاندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، تۈرلۈك دېلولارنىڭ يۈز بېرىشى سىجىل ئازايدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچىسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇندى، مۆلچەرلىنىشىچە، پۈتۈن بىر يىلدا رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6% ئەتراپىدا، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5.5% ئەتراپىدا، 9% ئەتراپىدا ئاشقان بولۇپ، باش تېما تەربىيەسى بىلەن مۇقىملىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قوش مول ھوسۇل ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

مۇقىملىقنىڭ پايدىسى تولۇق قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى، بولۇپمۇ ساياھەتچىلىكتە تېز ئېشىش ھالىتى ساقلاپ قېلىندى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، ساياھەت كىرىمى 345 مىليارد 265 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 41.6% ۋە 40.4% ئاشتى. ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش سانى، ساياھەت كىرىمى جەھەتتە تارىختا يېڭى قوش يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» قاتارلىق ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى بىرلىكتە ياڭراتتى. بۇرچىن ناھىيەسى چوڭقۇر بازىرى قىزىلقايىڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئېربولات شامشىخان خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «كەنتتە ساياھەت مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، ساياھەت ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ساياھەتچىلەر تېخىمۇ كۆپەيدى، بىزنىڭ كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ».

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا، ئاندىن پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلغىلى بولىدۇ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىغاندىلا، ئاندىن كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى بوشاشماي يەنىمۇ كۈچەيتىش، سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، تۈپ ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، تىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈشى كېرەك.